بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

ئىسلام ئاۋازى

42- سان

(قوش ھەپتىلىك گېزىت)

# بۇلاقتىن تامچە

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِنْ جَنَحُوا لِلسَّلْمِ فَاجْنَحْ لَهَا وَتَوَكَّلْ عَلَى اللَّهِ إِنَّهُ هُوَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ ۞ وَإِنْ يُرِيدُوا أَنْ يَخْدَعُوكَ فَإِنَّ حَسْبَكَ اللَّهُ هُوَ الَّذِي أَيَّدَكَ بِنَصْرِهِ وَبِالْمُؤْمِنِينَ ۞ وَأَلَّفَ بَيْنَ قُلُوبِهِمْ لَوْ أَنْفَقْتَ مَا فِي الْأَرْضِ جَمِيعًا مَا أَلَّفْتَ بَيْنَ قُلُوبِهِمْ وَلَكِنَّ اللَّهَ أَلَّفَ بَيْنَهُمْ إِنَّهُ عَزِيزٌ حَكِيمٌ ۞﴾.

## ئايەتنىڭ تەرجىمىسى

«ئەگەر ئۇلار تىنچلىققا مايىل بولسا، سەنمۇ تىنچلىققا مايىل بولغىن، الله قا تەۋەككۇل قىلغىن. الله (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيەتلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر [61]. ئەگەر ئۇلار (تەييارلىق قىلىۋېلىش ئۈچۈن سۈلھى بىلەن) سېنى ئالدىماقچى بولسا، الله (ئۇلارنىڭ شەررىدىن) شەكسىز ساڭا كۇپايە قىلغۇچىدۇر. الله سېنى ئۆزىنىڭ ياردىمى ۋە مۇئمىنلەر بىلەن كۈچلەندۈردى [62]. الله مۇئمىنلەرنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈردى، سەن يەر يۈزىدىكى پۈتۈن بايلىقنى سەرپ قىلىپمۇ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈرەلمەيتتىڭ لېكىن الله (ئۆزىنىڭ قۇدرەت كامىلەسى بىلەن) ئۇلارنى ئىناق قىلدى. شۈبھىسىزكى، الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [63]» (سۈرە ئەنفال 61- ئايەتتىن 63- ئايەتكىچە).

## ئايەتنىڭ تەپسىرى

بۇ ئايەتتە الله تعالى ئەگەر شۇ زاماندىكى ئىسلام دۈشمەنلىرى تىنچلىققا راستچىللىق بىلەن مايىل بولسا، قىزىقسا ھەمدە تىنچلىق تەلەپ قىلسا ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىنى بۇ تەلەپنى قوبۇل قىلىشقا بۇيرۇدى چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ — ئازاب پەيغەمبىرى بولماستىن بەلكى رەھمەت پەيغەمبىرىدۇر. الله تعالى پەيغەمبەر ﷺ نى بۇ ئىشتا الله قا تەۋەككۇل قىلىشقا، يەنى تىنچلىقنى قوبۇل قىلىشتا الله قا ئىتائەت قىلىش، ئۆز ئىشىنى الله قا تاپشۇرۇش ۋە الله قا تايىنىشقا بۇيرۇدى چۈنكى الله تعالى ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىنى دۈشمەنلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ. ئۇ، دۈشمەنلەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇلارنىڭ ئىش-ئەھۋاللىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر ھەمدە بۇ دۈشمەنلەرنىڭ ھېچبىر ئىشى الله قا مەخپىي ئەمەستۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەگەر ئۇلار تىنچلىق ۋە سۈلھى تەلەپ قىلىش ئارقىلىق پەيغەمبەرگە مىكىر ئىشلەتمەكچى بولىدىكەن (يەنى ھازىر سۈلھى تۈزۈپ كۈچىيىۋالغاندىن كېيىن مۇسۇلمانلارغا قاتتىق زەربە بېرىمىز دەپ ئويلايدىكەن)، ئۇنداقتا، الله ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىنى ئۇلارنىڭ ھىيلە-مىكىر ۋە زىيانكەشلىكلىرىدىن ساقلاپ قالىدۇ. مانا بۇ الله تعالى نىڭ: «ئەگەر ئۇلار (تەييارلىق قىلىۋېلىش ئۈچۈن سۈلھى بىلەن) سېنى ئالدىماقچى بولسا، الله (ئۇلارنىڭ شەررىدىن) شەكسىز ساڭا كۇپايە قىلغۇچىدۇر. الله سېنى ئۆزىنىڭ ياردىمى ۋە مۇئمىنلەر بىلەن كۈچلەندۈردى» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىدۇر.

«الله مۇئمىنلەرنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈردى»، يەنى ئەرزىمەس سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قەلبلىرى ئۆچمەنلىك ۋە ئاداۋەتكە توشۇپ كەتكەن، بىر-بىرىدىن قاتتىق نەپرەتلەنگەن شۇ قەۋمنىڭ ئارىسىنى الله بىرلەشتۈردى. ئەنسارىلار كۈچلۈك ئاداۋەتنىڭ ئىچىدە ياشايتتى ھەتتا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا 120 يىللىق ئۇرۇش داۋاملىشىپ كەلگەن ئىدى. ئۇلار ئىسلامغا كىرگەندە بارلىق ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىكنىڭ تەسىرى تۈگەپ بىر جەسەتكە ئايلاندى. مانا بۇلارنى الله تىن باشقا ھېچكىم قىلالمىغان ئىدى شۇڭا الله تعالى ئۆز پەيغەمبىرىگە: «سەن يەر يۈزىدىكى پۈتۈن بايلىقنى سەرپ قىلىپمۇ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈرەلمەيتتىڭ لېكىن الله (ئۆزىنىڭ قۇدرەت كامىلەسى بىلەن) ئۇلارنى ئىناق قىلدى. شۈبھىسىزكى، الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» دەپ خىتاب قىلدى.

## ئايەتتىن ئېلىنغان پايدىلار

بىرىنچى، كاپىرلار بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى تۈزۈش ئەسلى دۇرۇس ئەمەس بولۇپ، ھاجەت ياكى زۆرۈرىيەت بولغاندا دۇرۇس بولىدۇ. مەسىلەن، مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچى ئاجىز بولۇپ، تېخىمۇ كۈچلىنىۋېلىش مەقسىتىدە سۈلھى تۈزۈش ياكى بىرلا ۋاقىتتا ئىككى ياكى ئۈنىڭدىن ئارتۇق قوشۇن ۋە ياكى دۆلەت بىلەن جەڭ قىلىشقا ئاجىز كەلگەندە ئۇلارنىڭ بىر قىسمىلىرى بىلەن سۈلھى تۈزۈش ھاجىتى ياكى زۆرۈرىيىتى دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئىككىنچى، سۈلھى تۈزۈش ياكى ئۇرۇش توختىتىشقا سەۋەب بولغان ھاجەت ياكى زۆرۈرىيەتنىڭ مىقدارىنى بەلگىلەش ئىجتىھادىي ئىشلاردىن بولۇپ، بۇ ھەقتە قارار چىقىرىش ھوقۇقى ئۇرۇشنىڭ ئەمىرىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىگە قۇرئان، ھەدىس ۋە سەلەف ئۆلىمالارنىڭ ئىجماسى (بىرلىككە كەلگەن كۆز قارىشى) دەلىلدۇر («شرح العقيدة الطحاوية» ناملىق كىتابتىكى «الصلاة خلف كل بر وفاجر» دېگەن سۆزنىڭ شەرھىسىگە قارالسۇن).

ئۈچىنچى، بەزى ئالىملار بۇ تىنچلىق توغرىسىدىكى ئايەتنى الله تعالى نىڭ: «مۇشرىكلارنى قەيەردە ئۇچراتساڭلار شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار» (سۈرە تەۋبە 5- ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن سۆزى مەنسۇخ قىلىۋەتكەن (يەنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتكەن) دېسە، يەنە بەزى ئالىملار: «بۇ ئايەت مەنسۇخ ئەمەس بەلكى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئوخشاش سۈلھى تۈزۈشكە موھتاج ۋاقتىمىزدا تىنچلىق ھەققىدىكى ئايەتكە ئەمەل قىلىمىز ئەمما جەڭ شارائىتى پىشىپ يېتىلگەندە كاپىرلارغا ئۇرۇش قىلىش ھەققىدىكى ئايەتكە ئەمەل قىلىمىز» دېيىشىدۇ. كېيىنكى كۆز قاراش سەھىھتۇر («أيسر التفاسير»گە قارالسۇن). بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كاپىرلارنىڭ: «ئىسلام دىنى باشقىلارنى قىلىچ بىلەن دىنغا مەجبۇرلاش ئارقىلىق تارقالغان» دېگەن تۆھمەتلىرىنىڭ ئالدىدا روھىي مەغلۇبىيەتچىلىككە گىرىپتار بولۇپ، ئۆزىچە «بىز ئىسلامنى ئاقلاۋاتىمىز» دەپ ئويلاپ: «ئىسلام دىنى پەقەت ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈنلا ئۇرۇش قىلىدۇ، كاپىرلار ئۆز يۇرتلىرىدىكى كىشىلەرنى بوزەك قىلىسىمۇ ئىسلام دىيارىدىكى كىشىلەرنى بوزەك قىلمىسىلا بىز تىنچ تۇرۇشىمىز كېرەك» دەيدىغان بەزى كىشىلەرنىڭ بۇ خىل بىلجىرلاشلىرى باتىلدۇر. بۇلار، مۇسۇلمانلار كۈچلۈك باسقۇچتا تەتبىقلايدىغان «مۇشرىكلارنى قەيەردە ئۇچراتساڭلار شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار» دېگەن ئاخىرقى ھۆكۈمگە كۆز يۇمۇپ، مۇسۇلمانلار پەقەت ھاجەت چۈشكەندە تەتبىقلايدىغان تىنچلىق توغرىسىدىكى ئۆتكۈنچى ھۆكۈمنى ئەڭ ئاخىرقى ھۆكۈمگە ئايلاندۇرۇۋېلىش ئارقىلىق شەرئىي تېكىستلەرنى تولغاشقا ئۇرۇنغان.

تۆتىنچى، قاچانكى مۇسۇلمانلار ھەقىقي مۇسۇلمان ھالىتىدە ياشايمەن دەيدىكەن، ئۇلار دۈشمەنلەردىن خالىي بولالمايدۇ چۈنكى ئىنسان ۋە جىندىن بولغان رەزىل كۈچلەر ۋە زىيانداشلار — مۇسۇلمانلارغا دۈشمەندۇر.

بەشىنچى، ئىمام شافىئىينىڭ قارىشىدا تىنچلىق كېلىشىمى تۈزۈشنىڭ مۇددىتى 10 يىلدىن ئېشىپ كېتىش جايىز ئەمەس بولۇپ، ئىمام شافىي بۇ ھۆكۈمنى ھۇدەيبىيە سۈلھىسىگە قىياس قىلغان.

# دىنىي ئەھكاملار

## ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدسى ھەققىدە چۈشەنچە

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

سەككىزىنچى، زېمىندىكى بىر چوڭ ھايۋاننىڭ ئۆز ئورنىدىن چىقىشى. بۇ ھايۋان ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، ئىنسانلار كۆرۈپ كېلىۋاتقان ھايۋانلاردىن ئالاھىدە دەرىجىدە پەرقلىق بولىدۇ چۈنكى ئۇ كىشىلەرگە خىتاب قىلىدۇ، مۇئمىن ۋە كاپىرنى ئايرىپ بېرىدۇ. مۇئمىنگە كەلسەك، ئۇ ھايۋان سەۋەبلىك مۇئمىننىڭ يۈزىدە نۇر جىلۋىلىنىدۇ. مانا بۇ — ئۇنىڭ مۇئمىنلىقىنىڭ ئالامىتى ئەمما كاپىر بولسا، ئۇ ھايۋان سەۋەبلىك بۇرنى داغلىنىدۇ. مانا بۇ — ئۇنىڭ كاپىرلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر.

توققۇزىنچى، ئەدەن دېڭىزى ۋە ھەزرىمەۋت دېڭىزىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن ئوت چىقىپ كىشىلەرنى قورشاپ، ئۇلارنى ھەر تەرەپتىن مەھشەر زېمىنى بولغان شام زېمىنلىرىغا ھەيدەپ ئاپىرىدۇ.

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى خەۋەر قىلغان ئۆلۈمدىن بۇرۇن ۋە كېيىن يۈز بېرىدىغان بارلىق غەيبىي ھادىسىلەرگە ئىمان كەلتۈرىدۇ. بۇ ھادىسىلەرنىڭ جۈملىسىدىن ئۆلۈم سەكراتلىرى، ئۆلۈم پەرىشتىلىرىنىڭ ھازىر بولۇشى، مۇئمىن كىشىنىڭ رەببىگە ئۇچرىشىدىغانلىقىدىن خۇشاللىنىشى، شەيتانلارنىڭ ئۆلۈم پەيتىدە ھازىر بولۇشى، كاپىرنىڭ ئۆلۈم پەيتىدە كەلتۈرگەن ئىمانىنىڭ قوبۇل بولماسلىقى، بەرزەخ ئالىمى (يەنى قەبرە ھاياتى)، قەبرىدىكى نازۇ-نېئمەتلىك ۋە ئازابلىق ھايات، قەبرە ئازابىنىڭ روھقا ۋە جەسەتكە بولىدىغانلىقى، ئىككى پەرىشتىنىڭ سوئال-سوراق قىلىشى، شەھىدلەرنىڭ الله نىڭ ھوزۇرىدا رىزىقلانغان ھالدا تىرىك تۇرۇشى، بەختلىك كىشىلەرنىڭ روھلىرى ھوزۇر-ھالاۋەتتە ۋە بەختسىزلەرنىڭ بولسا ئازابتا بولىدىغانلىقى قاتارلىقلاردۇر.

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە الله ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدىغان، بەندىلەرنى قەبرىدىن تۇرغۇزۇپ ھېساب ئالىدىغان چوڭ قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرىدۇ.

ئۇلار سۇر چېلىنىشقا ۋە ئىسرافىل ئەلەيھىسسالامنىڭ سۇر چېلىش بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇرغان ھالەتتە سۇرنى ئېغىزىغا سېلىپ تەييار تۇرۇۋاتقانلىقىغا ئىمان كەلتۈرىدۇ. سۇر چېلىنىشنىڭ قېتىم سانىدا ئالىملار ئىختىلاپ قىلىشقان بولۇپ، بەزىلەر ئىككى قېتىم دېسە، بەزىلەر ئۈچ قېتىم دەيدۇ. يەنە بەزىلەر تۆت قېتىم دەيدۇ. كۈچلۈك كۆز قاراش شۇكى، سۇر چېلىش ئىككى قېتىم بولۇپ، بىرىنچى قېتىملىق سۇر چېلىنىشتا پۈتۈن خالايىق قورقۇپ كېتىدۇ، ئالەمنىڭ مەنزىرىسى ئۆزگىرىپ ئىنتىزامى بۇزۇلىدۇ ۋە الله خالىغان مەخلۇقاتلار ئۆلىدۇ. ئىككىنچى قېتىمدا پۈتۈن مەخلۇقاتلار ئالەملەرنىڭ رەببى الله نىڭ ئالدىدا تىك تۇرۇپ ھېساب بېرىش ئۈچۈن تىرىلدۈرۈلىدۇ.

ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشكە ۋە الله نىڭ قەبرىدىكىلەرنى تىرىلدۈرىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرىدۇ. يەنە شۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرىدۇكى، خالايىقلار ئالەملەرنىڭ رەببى ئالدىدا تىك تۇرۇپ ھېساب بېرىش ئۈچۈن يالاڭ ئاياغ، يالىڭاچ ۋە خەتنە قىلىنمىغان ھالەتتە قەبرىدىن تۇرغۇزۇلىدۇ. قۇياش ئۇلارغا ئىنتايىن يېقىنلىشىپ ئۇلارنى قىلغان گۇناھلىرى مىقدارىدا تەرگە چۆمدۈرىدۇ. بەزىلىرى ئوشۇقىچە تەرگە چۆمۈلسە، بەزىلىرى ھەتتا ئېغىزىغىچە تەرگە چۆمۈلىدۇ.

يەر يېرىلىپ قەبرىدىن ئاۋۋال چىقىرىلىدىغان كىشى بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ دۇر. شۇ ئۇلۇغ كۈندە خالايىقلار قەبرىلىرىدىن بىر چاقىرغۇچى تەرەپكە بويۇن سوزۇپ ئالدىرىغان ھالەتتە خۇددى چېچىلىپ كەتكەن چېكەتكىلەردەك چىقىشىدۇ. پۈتۈن ھەرىكەت توختاپ جاھان جىمجىتلىققا چۆمىدۇ. نام ئەمەل دەپتەرلىرى تارقىتىلىپ يوشۇرۇن ئىشلار پاش قىلىنىدۇ. كۆڭۈللەردىكى سىرلار ئاشكارا قىلىنىدۇ. الله تعالى شۇ قىيامەت كۈنىدە ئۆز بەندىلىرىگە تەرجىمانسىز ھالدا سۆز قىلىدۇ. كىشىلەر ئۆز ئىسىملىرى ۋە ئاتىلىرىنىڭ ئىسىملىرى بىلەن چاقىرىلىدۇ.

ئۇلار بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىنى ئۆلچەيدىغان ئىككى پەللىسى بار تارازا مىزانغا ئىمان كەلتۈرىدۇ.

ئۇلار نام ئەمەل دەپتەرلىرىنىڭ تارقىتىلىدىغانلىقىغا، بەزىلەرنىڭ نام ئەمەلى ئوڭ تەرەپتىن ۋە بەزىلەرنىڭ بولسا سول ياكى ئارقا تەرىپىدىن بېرىلىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرىدۇ.

ئۇلار سىرات كۆۋرۈكىنىڭ قىلىچتىنمۇ ئىتتىك، چاچتىنمۇ ئىنچىكە ئىكەنلىكىگە، جەھەننەمنىڭ ئۈستىگە قويۇلغانلىقىغا، ئىتائەتمەن بەندىلەرنىڭ ئۇ كۆۋرۈكتىن سالامەت ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقى ۋە پاسىقلارنىڭ بولسا ئۇ كۆۋرۈكتىن تېيىلىپ كېتىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرىدۇ.

ئۇلار جەننەت ۋە دوزاخنىڭ ھازىرمۇ بار (يارىتىلغىلىق) ئىكەنلىكىگە ۋە ئۇلارنىڭ مەڭگۈ يوقالمايدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرىدۇ.

جەننەت دېگىنىمىز — دائىملىق ساۋاب ۋە نازۇ-نېئمەت يۇرتى بولۇپ، الله بۇ يۇرتنى مۇسۇلمان، مۇئمىن، مۇۋاھھىد، تەقۋادار، مۇجاھىد، سالىھ ۋە ئىتائەتمەن بەندىلەرگە تەييارلىغان. دوزاخ بولسا ئازاب-ئۇقۇبەت يۇرتى بولۇپ، الله بۇ يۇرتنى مۇشرىك، يەھۇدىي، ناسارا، مۇناپىق، دىنسىز، بۇتپەرەس ۋە ئاسىي گۇناھكارلاردىن ئىبارەت جىنايەتچى ۋە كاپىرلار ئۈچۈن تەييارلىغان.

ئۇلار گۇناھكار مۇئمىنلەرنىڭ دوزاختا مەڭگۈ قالمايدىغانلىقى بەلكى ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى مىقدارىدا ئازابلىنىپ، ئاقىۋەتتە جەننەتكە كىرىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرىدۇ. بۇلار — الله قا شېرىك كەلتۈرۈش جىنايىتىدىن تۆۋەن بولغان گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى ئىشلەش سەۋەبلىك دوزاخقا كىرگەن كىشىلەردۇر چۈنكى الله قا شېرىك كەلتۈرگۈچىلەر جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# ھەدىس ئۈنچىلىرى

**عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِي الله عنه قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللَّهِ ﷺ: «الْمُؤْمِنُ الْقَوِيُّ خَيْرٌ وَأَحَبُّ إِلَى اللَّهِ مِنَ الْمُؤْمِنِ الضَّعِيْفِ وَفِي كُلٍّ خَيْرٌ. اِحْرِصْ عَلَى مَا يَنْفَعُكَ وَاسْتَعِنْ بِاللَّهِ وَلَا تَعْجَزْ. وَإِنْ أَصَابَكَ شَيْئٌ فَلَا تَقُلْ: <لَوْ أَنِّي فَعَلْتُ كَانَ كَذَا وَكَذَا>، وَلَكِنْ قُلْ: <قَدَّرَ اللَّهُ ، وَمَا شَاءَ فَعَلَ>؛ فَإِنَّ لَوْ تَفْتَحُ عَمَلَ الشَّيْطَانِ»** (رواه مسلم).

### ھەدىسنىڭ تەرجىمىسى

ئەبۇ ھۇرەيرە رضي الله عنه دىن نەقىل قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كۈچلۈك مۇئمىن ئاجىز مۇئمىندىن ياخشىراق ھەم الله قا سۆيۈملۈكراقتۇر. ھەر بىر مۇئمىندە ياخشىلىق بار. ئۆزۈڭگە پايدىلىق ئىشلارغا ھېرىس بول، الله تىن ياردەم سورىغىن، سۇسلۇق قىلما! مۇبادا ساڭا بىرەر مۇسىبەت يېتىپ قالسا <ئەگەر مۇنداق قىلغان بولسام مۇنداق بولار ئىكەن> دېمەستىن بەلكى <الله تەقدىر قىلغان نەرسە بولدى، الله ئۆزى خالىغان نەرسىنى قىلىدۇ> دېگىن چۈنكى <ئەگەر> دېگەن سۆز شەيتاننىڭ ھەرىكەتلىنىشىگە يول ئاچىدۇ» (مۇسلىم توپلىغان).

### ھەدىسنىڭ شەرھىسى

«كۈچلۈك مۇئمىن» دېگەندىن مەقسەت ھەرگىزمۇ بەدىنى ياكى جىسمى كۈچلۈك دېگەنلىك ئەمەس چۈنكى بەدەننىڭ كۈچلۈك بولۇشى يا ماختىلىدىغان، ياكى سۆكۈلىدىغان ئىش ئەمەس. ئەگەر ئىنسان بەدەننىڭ كۈچىنى الله قا ئاسىيلىق قىلىشقا ئىشلەتكەن بولسا، بۇ كۈچلۈكلۈك ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلغان بولىدۇ؛ ئەگەر ئىنسان بۇ كۈچنى دۇنيا-ئاخىرەتلىك پايدىلىق ئىشقا ئىشلەتكەن بولسا، مانا بۇ ماختىلىدىغان ئىش بولىدۇ. دېمەك، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ «كۈچلۈك مۇئمىن» دېگەن سۆزىدىن مەقسەت — ئىمانى كۈچلۈك مۇئمىن دېگەنلىكتۇر چۈنكى ئەرەب تىلىدا سۈپەتنىڭ مەنىسى سۈپەتلەنگۈچىنىڭ مەنىسىگە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. مەسىلەن، كۈچلۈك ئەركەك دېيىلسە، بۇنىڭدىن بۇ كىشىنىڭ ئەرلىكتە ياكى ئەركەكلىكتە كۈچلۈك ئىكەنلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇنىڭدەك، كۈچلۈك مۇئمىن دېيىلسە، مۇئمىنلىكتە كۈچلۈك ئىكەنلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ چۈنكى ئىمانى كۈچلۈك مۇئمىننىڭ ئىمانىنىڭ كۈچلۈكلۈكى — الله پەرز قىلغان ئەمەللەرنى، شۇ جۈملىدىن ھىجرەت ۋە جىھادقا ئوخشاش پەرزلەرنى ھەتتا ئۇنىڭدىن باشقا نەفلە ئىبادەتلەرنى ھەم ئورۇنلاشقا ئىتتىرىدۇ ئەمما ئىمانى زەئىپ مۇئمىننىڭ ئىمانىنىڭ زەئىپلىكى پەرزلەرنى قىلىشقا ۋە ھارام ئىشلارنى تولۇق تەرك ئېتىشكە ئىتتىرەلمەيدۇ-دە، ئاقىۋەتتە ئۇ نۇرغۇن كەمچىلىكلەرنى سادىر قىلىدۇ. دېمەك، ئاسىي مۇئمىن — زەئىپ مۇئمىن ھېسابلانسا، ئاسىي ئەمەس كامىل ئىتائەت قىلغۇچى مۇئمىن بولسا كۈچلۈك مۇئمىن ھېسابلىنىدۇ.

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ «ھەر ئىككىسىدە ياخشىلىق بار» دېگىنى ھەرگىزمۇ ئاجىز مۇئمىن بىلەن كۈچلۈك مۇئمىن ئىككىلىسى تەڭ دېگەنلىك ئەمەس. رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ يەردە «كۈچلۈك مۇئمىن ئاجىز مۇئمىندىن ياخشىراق ۋە الله قا سۆيۈملۈكراقتۇر» دېگەن سۆزدىن باشقىلارنىڭ ئاجىز مۇئمىندە ھېچبىر ياخشىلىق يوق ئوخشايدۇ دەپ قالماسلىقى ئۈچۈن «ھەر ئىككىسىدە ياخشىلىق بار» دېگەن سۆزنى ئەسكەرتىپ قويغان. دېمەك، ئاجىز مۇئمىندە پەقەت ياخشىلىق يوق ئەمەس بەلكى ئۇ ئەلۋەتتە كاپىردىن ياخشىدۇر. بۇ خۇددى الله تعالى نىڭ سۈرە نىسا 95- ئايەتتىكى: «الله ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن جىھاد قىلغانلارنى جىھادتىن ئولتۇرۇپ قالغانلاردىن دەرىجە جەھەتتە ئارتۇق قىلدى. الله ھەر ئىككىسىگە ياخشىلىقنى ۋەدە قىلدى» دېگىنىگە ئوخشايدۇ چۈنكى باشقا ئايەتلەردە جىھادتىن ئۆزرىسىز ئولتۇرۇپ قالغانلار پاسىقلىق بىلەن ئەيىبلەنگەن. بۇ يەردە جىھادتىن ئولتۇرۇپ قالغانلاردا پەقەت ياخشىلىق يوق ئوخشايدۇ دەپ چۈشىنىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن الله تعالى ھەر ئىككىسىگە ياخشىلىقنى ۋەدە قىلغانلىقىنى بايان قىلدى. دېمەك، بۇ ئايەتتىنمۇ «جىھادتىن ئۆزرىسىز ئولتۇرۇپ قالغان مۇئمىن گەرچە پاسىق، گۇناھكار ۋە ئىمانى زەئىپ بولسىمۇ بەرىبىر كاپىردىن ياخشى» دېگەن مەنە چىقىدۇ.

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: «ئۆزۈڭگە پايدىلىق ئىشقا ھېرىس بولغىن» دېگىنىدىن «سېنىڭ دىنىڭ ۋە دۇنيالىقىڭغا پايدىلىق ئىشقا ھېرىس بولغىن، ئەگەر دىنىڭ مەنپەئىتى بىلەن دۇنيا مەنپەئىتى توقۇنۇشۇپ قالغاندا دىنىڭ مەنپەئىتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغىن» دېگەن مەنە كۆزدە تۇتۇلىدۇ چۈنكى دىن تۈزەلسە دۇنيا تۈزۈلىدۇ؛ ئەگەر دىن زىيانغا ئۇچراپ دۇنيالىق ياخشىلانسا، ئۇنداقتا بۇ — ياخشىلىنىش بولماستىن بەلكى زىيان ۋە بۇزۇلۇشتۇر. بۇ جۈملە يەنە ئىككى خىل ئىبادەتنىڭ بىرىنى قىلىشقا توغرا كەلگەندە ئەڭ مۇھىمىنى ئاۋۋال قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىگە دەلىلدۇر. مەسىلەن، جىھاد پەرز ئەين بولغان ۋاقىتدا ئاتا-ئانىغا ئىتائەت قىلىشتىن ئىبارەت يەككە شەخسكە پايدىلىق ئىبادەتنى كېچىكتۈرۈپ، كۆپچىلىككە ياكى ئۈممەتكە پايدىلىق بولغان پەرز ئەين جىھادنى ئاۋۋال قىلىش پەرزدۇر.

رەسۇلۇللاھ ﷺ «الله تىن ياردەم سورىغىن» دېگەن سۆزى ئارقىلىق، ئىنسان ئۆزىگە پايدىلىق ئىشنى قىلماقچى بولغاندا ئۆزىنىڭ ئەقلىدىن ۋە تەجرىبىسىدىن مەغرۇرلىنىپ ھەم ئۆزىگە تايىنىپ كېتىپ الله تىن ياردەم سوراشنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويىدىغانلىقىدىن ئىبارەت كېسەلگە دورا بېرىدۇ.

رەسۇلۇللاھ ﷺ «سۇسلۇق قىلما» دېگەن سۆزى ئارقىلىق، ئىنسان ھىجرەت ۋە جىھادقا ئوخشىغان ئۆزىگە پايدىلىق پەرز ئىبادەتلەرگە ياكى ئۇندىن باشقا نەفلە ئىبادەتلەرگە كىرىشىپ بىر مەزگىل ئۆتكەندە سۇسلىشىپ ۋە بوشاڭلىق قىلىپ كەينىگە چېكىنىپ قالىدىغانلىقىدىن ئىبارەت خەتەرگە سىگنال بېرىدۇ. مانا بۇ — تەرتىپ بويىچە ئۆيدە ياكى يىغىلىش مەركىزىدە (ماقاردا) ئارام ئېلىۋاتقان بەزى مۇجاھىدلارنىڭ تۇيۇقسىز جىددىي ھالەت يۈز بەرگەندە ئەمىر تەرەپتىن چاقىرىق قىلىنسا سەل قاراپ ياكى بوشاڭلىق قىلىپ ۋە ياكى سۇسلۇق قىلىپ: «مەن بەك چارچاپ كەتتىم، تېخى تولۇق ئارام ئېلىپ بولالمىدىم» دېگەندەك باھانە-سەۋەبلەر بىلەن ئەمىرنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشماسلىقتىن ئىبارەت خەتەرلىك گۇناھتىن ئاگاھلاندۇرۇشتۇر.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «مۇبادا ساڭا بىرەر مۇسىبەت يېتىپ قالسا، <ئەگەر مۇنداق قىلغان بولسام مۇنداق بولار ئىكەن> دېمەستىن بەلكى <الله تەقدىر قىلغان نەرسە بولدى، الله ئۆزى خالىغان نەرسىنى قىلىدۇ> دېگىن» دېگەنلىكى — سەن ئۆزۈڭگە پايدىلىق ئىشقا ھېرىس بولۇپ، پۈتۈن كۈچۈڭنى ئىشقا سېلىپ، الله تىن ياردەم سوراپ، سۇسلۇق قىلماي ئىزچىل داۋاملاشقاندىن كېيىنمۇ ئىشىنىڭ نەتىجىسى سەن ئويلىغانغا قارشى چىقىپ قالسا ھەرگىزمۇ «ئەگەر مۇنداق قىلغان بولسام مۇنداق بولار ئىكەن» دېمەستىن بەلكى «بۇ ئىش مېنىڭ خالىغىنىمچە بولماستىن پەقەت الله نىڭ خالىغىنى بويىچە بولىدۇ» دەپ ئېتىقاد قىلىشىڭنى كۆزدە تۇتىدۇ چۈنكى «ئەگەر» دېگەن سۆز ساڭا شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرى، پۇشايمان ۋە غەم-خاپىلىقنىڭ ئىشىكىنى ئاچىدۇ، شۇنىڭ بىلەن سېنىڭ كەيپىياتىڭ بۇزۇلىدۇ، ئىچىڭ دەرتكە تولىدۇ ھەمدە ئىچىڭ سىقىلىپ روھىي ۋە پسىخىكا جەھەتتە كۆڭۈل پاراكەندىچىلىكتىن ئىبارەت ئازابقا قالىسەن شۇڭا سەن كائىناتنى مەجبۇرى بويسۇندۇرغۇچى الله قا تەسلىم بولۇشۇڭ، «ھەممە ئىش الله نىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدۇ ۋە الله نېمىنى خالىسا شۇ بولىدۇ» دېيىشىڭ ۋاجىبتۇر.

### ھەدىستىن ئېلىنغان پايدىلار

بىرىنچى، كۈچلۈكلۈك ۋە زەئىپلىك پەقەت نەپسىگە قارشى جىھاد قىلىش، ئىتائەت ۋە ئىبادەتتە ئىزچىل بولۇش، جامائەت ياكى ئۈممەتكە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش ۋە ياكى ئۇلارنى زىياندىن ساقلاش قاتارلىق ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك سۈپەتتۇر.

ئىككىنچى، ئىمان — ئىتائەت ۋە ئىبادەت بىلەن كۈچىيىدۇ ۋە زىيادە بولىدۇ ئەمما ئاسىيلىق ۋە گۇناھلار بىلەن زەئىپلىشىدۇ.

ئۈچىنچى، ئىنسان دىنىنى، ئائىلىسىنى ۋە ئېسىل ئەخلاقلىرىنى قوغدىشىغا سەۋەب بولغۇدەك دەرىجىدە ئۆزىنىڭ دىنى ۋە دۇنياسىغا پايدىلىق بولغان ئىشلارنى قىلىشقا ھېرىس بولۇشى شۇنداقلا بۇنىڭغا الله تىن ياردەم سورىشى ۋاجىبتۇر چۈنكى كىمگە الله ياردەم بەرسە ئۇ ئۇتۇق قازانغان بولىدۇ.

تۆتىنچى، پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سالغاندىن كېيىنمۇ نەتىجە ئىنساننىڭ ئويلىغىنىدەك چىقمىسا، الله نىڭ قازاسىغا تەسلىم بولۇش، رازى بولۇش ۋە بولۇپ بولغان ئىشقا ياكى ئۆتمۈشكە پۇشايمان قىلماسلىق لازىم چۈنكى بۇ ئىنسان كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىشتىن ئىبارەت پسىخىكىۋي كېسەلگە سەۋەب بولىدۇ شۇنداقلا بۇنىڭدىن شەيتان خۇرسەن بولىدۇ.

# يۇلتۇزلار چىمىرلايدۇ

### ئۇھۇد ئۇرۇشى

بۇ ئۇرۇش ھىجرىيە 3- يىلى شەۋۋالنىڭ يېرىمىدا، يەنى مىلادىيە 625- يىلى 3- ئايدا يۈز بەرگەن بولۇپ، قۇرەيش مۇشرىكلىرى بەدردە ئۆلتۈرۈلگەن كىشىلىرىنىڭ قىساسىنى ئېلىشنى قارار قىلىشىپ مەدىنىگە، يەنى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن قەتئىي ئىرادىگە كېلىشتى.

قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئىسلامغا قارشى رەزىل كۈچلەرنىڭ ھەممىنى توپلاش مەقسىتىدە مەككىنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان ھەر قايسى قەبىلىلەرنى ياردەمگە چاقىرىشتى شۇنداقلا ئەرلەر قاچقاندا ئۇلارنىڭ غۇرۇرىنى قوزغاش ئارقىلىق قېچىشىنى توسۇپ قېلىش ئۈچۈن قۇرەيش ئاياللىرىنى جەڭگە ئېلىپ چىقىشتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇلار ئەرەبلەرنى ئىسلامغا ئۇرۇش ئېچىشقا ۋە قۇرەيشكە ياردەم بېرىشكە تەشۋىق-تەرغىبات قىلىش ئۈچۈن ئەرەبلەرنىڭ ئىچىدە يۈرىدىغان بىر توپ ئەلچىلىرىنى ئەۋەتىشتى.

بۇ جەڭدە دۈشمەننىڭ سانى 3000 بولۇپ، ئۇلارنىڭ 700 نەپىرى ساۋۇت-دۇبۇلغىلىق، 200 نەپىرى ئاتلىق ئىدى ۋە ئۇلارنىڭ بەدرگە قاتناشقانلارنىڭ ئۈچ ھەسسىسىگە توغرا كەلگۈدەك (يەنى 3000 تۇياق) تۆگىسى بار ئىدى.

ئاببas رضي الله عنه ئۇلارنىڭ خەۋىرىنى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە يەتكۈزدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ساھابىلىرىنى شۇراغا (يەنى مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن) يىغىپ ئۇلارغا: «ئەگەر مەدىنىدە تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ جەڭگە چۈشۈشكە چاقىرىشىنى لايىق كۆرسەڭلار شۇ بويىچە قىلايلى. ئەگەر ئۇلار تۇرۇپ قالسا يامان ئورۇندا تۇرۇپ قالغان بولىدۇ، ئەگەر بىزنىڭ ئۇستىمىزگە بېسىپ كىرسە، بىز مەدىنىدە ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىمىز» دېگەنىدى، بەدرگە قاتناشمىغان بىر توپ كىشىلەر ئۇنىڭغا: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىزنى مەدىنىنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىققىن، بىز ئۇلار بىلەن ئۇھۇد دېگەن جايدا ئۇرۇشايلى» دەپ بەدر ئەھلى ئېرىشكەن پەزىلەتكە ئۆزلىرىنىڭمۇ ئېرىشكۈسى بارلىقىنى بىلدۈردى.

جۈمە كۈنى رەسۇلۇللاھ ﷺ كىشىلەرگە جۈمە نامىزى ئوقۇپ بېرىپ، ئۇلارغا ۋەز-نەسىھەت قىلدى. ئۇلارنى ئەستايىدىل ۋە تىرىشچان بولۇشقا، سەۋر قىلسا نۇسرەت ۋە غەلىبىگە ئېرىشىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ، دۈشمىنىگە قارشى تەييارلىق قىلىشقا بۇيرۇدى. كىشىلەر بۇنىڭدىن خۇشال بولۇشتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ كىشىلەرگە ئەسىر نامىزى ئوقۇپ بەردى ۋە مەدىنىنىڭ ئېگىز جايىدىكى پۈتۈن ئاھالىلەرنى يىغدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئىككى ھەمراھى ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر رضي الله عنهما لار بىلەن ئۆيىگە كىردى-دە، ئۇ ئىككىسى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە سەللە ۋە ساۋۇت-دۇبۇلغىسىنى كىيدۈرۈپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ﷺ قورالىنى ئېسىپ ئىككى قات ساۋۇت كىيگەن ھالەتتە كىشىلەر ئالدىدا نامايەن بولدى.

سەئىد ئىبنى مۇئاز ۋە ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەير رضي الله عنهما لار ئۆز قەۋمى (يەنى ئەۋس قەبىلىسى)گە: «سىلەر رەسۇلۇللاھ ﷺ نى مەدىنىنىڭ سىرتىغا چىقىشقا زورلىدىڭلار، ئەسلى ئىشنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۆزىگە قايتۇرساق بولاتتى» دېگەنىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلىشتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىققاندا، ئۇلار رەسۇلۇللاھ ﷺ گە: «ئى رەسۇلۇللاھ، بىزنىڭ ساڭا قارشى پىكىردە بولۇشقا ھەددىمىز ئەمەس شۇڭا سەن خالىغىنىڭنى قىل، ئەگەر مەدىنىدە تۇرۇپ قېلىشنى ياخشى كۆرسەڭ شۇ بويىچە قىل» دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارغا: «پەيغەمبەر جەڭ كىيىمىنى كىيىپ بولغاندىن كېيىن الله ئۇنىڭ بىلەن دۈشمىنى ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈم چىقارمىغۇچە ئۇنى سېلىۋېتىشى مۇمكىن ئەمەس» دەپ جاۋاب بەردى.

### يۇقىرىقىلاردىن ئېلىنىدىغان پايدىلار

بىرىنچى، كاپىرلار ئىسلامىي دۆلەتتىن ياكى قوراللىق ئىسلامىي جامائەتتىن ئۆچ ئېلىشقا كۈچىنىڭ يېتىشىچە دائىم ھەرىكەت قىلىدىغانلىقى.

ئىككىنچى، كاپىرلارنىڭ ئىسلامغا قارشى ئۇرۇش ئۈچۈن قوشنا دۆلەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى.

ئۈچىنچى، كاپىرلار ئۆز ئەسكەرلىرىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن ئاياللارنى (يەنى ئاياللارنىڭ تىلى ۋە تەشۋىقاتىنى) ئالاھىدە ۋاستە قىلىدىغانلىقى.

تۆتىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ دۈشمەن زېمىنىدىكى بەزىبىر مۇسۇلمانلارنى ئىستىخبارات خىزمىتىگە ئىشلەتكەنلىكى.

بەشىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ دۈشمەن تەرەپتىن ھەربىي مەلۇمات ۋە ئاخبارات توپلىغاندا ئىنتايىن ئىنچىكە ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن دۈشمەننىڭ سانى، مال-مۈلكى، پىيادە قىسىملىرى ۋە ئاتلىق قىسىملىرىنىڭ سانىنى ئىگىلەشكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى.

ئالتىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋەھىي چۈشىدىغان پەيغەمبەر تۇرۇقلۇق ئوچۇق تېكىست يوق ئىشلاردا شۇرا قىلىشنى تەرك ئەتمىگەنلىكى.

يەتتىنچى، جەڭ قىلىشنىڭ ئۆزى شەرىئەت تېكىستلىرىدا پەرز دەپ بېكىتىلگەن بىلەن جەڭنى قانداق قىلىش، قەيەردە قىلىش، قايسى ئۇسۇلدا قىلىش، قانچىلىك كۈچ كېتىش، قاچان باشلاش ۋە قەيەردە باشلاش قاتارلىق ئىشلار ئوچۇق تېكىست بولمىغان ئىجتىھادىي ئىشلار بولۇپ، بۇنداق ئىشلاردا قارار چىقىرىش ئىشەنچ ۋە ئەسكىرىي تەجرىبە بىلەن تونۇلغان ئىش ئىگىلىرىگە خاستۇر. مۇشۇنداق ئىش ئىگىلىرىدىن باشقا جىھادىي جامائەت ئەزالىرىنىڭ ياكى شۇ جامائەتنىڭ سىرتىدىكى كىشىلەرنىڭ بۇ ئىجتىھادىي ئىشلاردا ئۇ ئىش ئىگىلىرىنى ئىنكار قىلىش ۋە ئەيىبلەش ھەققى يوقتۇر.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)




# قەدىمكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى خاۋارىجلار

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

ئۈچىنچى، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئىسلام تارىخىنىڭ ھېچبىر قىممىتى يوق چۈنكى ئۇلار: «قۇرئان كەرىمدە كەلگەن ئەڭ گۈزەل قىسسىلەرلا تارىخ ھېسابلىنىدۇ» دەپ قارايدۇ.

تۆتىنچى، يەنە ئۇلارنىڭ نەزىرىدە مۇھەققىق (چوڭقۇر تەھقىقلاپ ئىزدەنگۈچى) ئۆلىمالارنىڭ سۆزلىرى، مۆتىۋەر، داڭلىق بولغان ئەقىدە ۋە تەپسىر كىتابلىرى ھېچبىر قىممەتكە ئىگە ئەمەستۇر چۈنكى ئۇممەتنىڭ ئىلگىرىكى ۋە ھازىرقى ئالىملىرى بولسا ئۇلارنىڭ دەۋاسىدا «ئىسلامدىن يېنىۋالغان مۇرتەدلەردۇر».

بەشىنچى، ئۇلار: «پەقەت قۇرئان-ھەدىسلا ھۆججەتكە يارايدۇ» دېيىشىسىمۇ لېكىن باشقا ئەھلى بىدئەتلەرگە ئوخشاش ئالدى بىلەن بىر كۆز قاراشنى تىكلەپ ئېتىقاد قىلىۋېلىپ، قۇرئان تېكىستلىرىنى شۇ كۆز قاراشقا مەجبۇرى تاڭىدۇ. ئاندىن ھەدىسلەردىن ئۆزىنىڭ شۇ كۆز قاراشلىرىغا مۇۋاپىق كەلگىنىنى قوبۇل قىلىدۇ، مۇۋاپىق كەلمىگىنىنى بولسا ئەينەن رەت قىلىش ئۈچۈن ياكى ئۇنىڭ مەزمۇنىنى رەت قىلىش ئۈچۈن ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىدۇ.

ئالتىنچى، ئۇلار رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: «بىز دېگەن ساۋاتسىز مىللەت...» دېگەن ھەدىسىنى خاتا تەئۋىل قىلىۋېلىپ (يەنى خاتا چۈشەنچە بېرىپ) ساۋاتسىزلىققا دەۋەت قىلىدۇ-دە، شۇنىڭ بىلەن ئىسلامىي فاكۇلتېت، ئۇنىۋېرسىتېت ۋە ئېنىستىتۇتلارنى تەرك ئېتىشكە تەرغىب قىلىشىدۇ چۈنكى بۇ ئورگانلار ئۇلارنىڭ نەزىرىدە تاغۇتنىڭ ئورگانلىرى بولۇپ، مەسجىدىي زىرارنىڭ قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىدۇ. ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشكە چاقىرىق قىلىش ئۇلارنىڭ نەزىرىدە يەھۇدىيلارنىڭ چاقىرىقى ھېسابلىنىدۇ چۈنكى كىشىلەرگە كاپىرنىڭ بىلىملىرىنى ئۆگىتىش — ئۇلارنىڭ نەزىرىدە كىشىلەرنى ئىسلامنى ئۆگىنىشتىن توسىدۇ شۇڭا ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئۆزلىرىنىڭ خاس ھەلقە مەجلىسلىرىدە ئېلىنغان ئىلىملا ھەقىقىي ئىلىم ھېسابلىنىدۇ.

يەتتىنچى، ئۇلار مەسجىدلەردىكى جۈمە نامىزىنى ۋە جامائەت نامازلىرىنى تەرك ئېتىشنى قائىدە قىلىۋالغان چۈنكى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە تۆت مەسجىدتىن باشقا مەسجىدلەرنىڭ ھەممىسى «مەسجىدىي زىرار» ۋە ئۇ مەسجىدلەرنىڭ ئىماملىرى «كاپىر» ھېسابلىنىدۇ. ئۇ تۆت مەسجىد بولسا ھەرەم مەسجىدى، قۇبا مەسجىدى، پەيغەمبەر مەسجىدى ۋە ئەقسا مەسجىدىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار بۇ مەسجىدلەردىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىن بولغان ئىمام بولمىسا ناماز ئوقۇمايدۇ.

(ﷲ خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# پايدىلىنىش بىلىملىرى

(چاتما ماتېرىياللار)




# ئافغانىستان ۋاخان كارىدورىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، بىز بىر ئايغا سوزۇلغان بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشىمىزدە 300 خىلغا يېقىن ئۆسۈملۈك تۈرىنى بايقىدۇق. ۋاخاندىكى ئۆسۈملۈك تۈرلىرى قوشنا پامىر رايونلىرىدىن بولغان شەرقىي ھىندىقۇش، قاراقۇرۇم، غەربىي ھىمالايا ۋە شىمالىي نېپالنىڭ ئوتتۇرا قىسىملىرىدىكى ئۆسۈملۈك تۈرلىرى بىلەن ئوخشاش. بۇ رايونلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك يامغۇر مىقدارى تۆۋەن بولۇپ، ھىندىستان پەسىللىك يامغۇرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ. قىش پەسىللىرى ئۇزۇن ۋە سوغۇق، ياز پەسىللىرى قىسقا ۋە قۇرغاق. ئېگىزلىكلەردە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئىنتايىن قىسقىلا ئۆسۈش مەزگىلى بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن بىر قانچە ھەپتە ئىچىدە چېچەكلىشى، ئۇرۇقلىنىشى ۋە ئۆسۈشى كېرەك. گەرچە بۇ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىر قىسمى غەربىي ھىمالاياغا خاس تۈرلەر بولسىمۇ قالغان قىسمى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىمالىي قۇتۇپ رايونلىرىغا ئالاقىدار تۈرلەردۇر.

ۋاخاندىكى قىرغىزلارنىڭ كەلگۈسى ئىنتايىن شۈبھىلىك. ئەگەر تارقىلىۋاتقان كوچا پاراڭلىرى ئىشەنچلىك بولۇپ قالسا، سوۋېت تاجاۋۇزچىلىرى بۇ يەرلەرنى بېسىۋېلىشى مۇمكىن ۋە شۇنىڭ بىلەن ۋاخان رايونى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇن بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

## 5. ئافغانىستان پامىرىغا سەپەر

2001- يىلى 7- ئاينىڭ 19- كۈنى مەن زور كۆلنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا باردىم، بۇ كۆل غەرب تەرەپتىكى پاراللېل ئورۇنلاشقان ئىككى تاغ تىزمىسىنىڭ ئارىسىغا سوزۇلۇپ كىرىپ كەتكەن كۆل ئىدى. بۇ يەرنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئېگىزلىك ئۆلچىگۈچى ئەسۋابىنىڭ ئۆلچەپ چىققىنى بويىچە 4200 مېتىر ئىدى. بۇ ماتېرىيال 1999- يىلىدىن بۇيانقى مېنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق ۋاخان زىيارىتىمنى ئاساس قىلىپ يېزىپ چىقىلدى. بۇ سەپىرىم تالىبان تەرىپىدىن




«→» تەكشۈرۈش خادىملىرىنىڭ بېرىش ۋە قايتىش يولىنى، «- . . -» خەلقئارالىق چېگرانى، «- - -» مەمۇرى رايونلار چېگراسىنى، قېنىق قارا بويالغان قىسمى دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5000 مېتىردىن ئاشىدىغان رايونلارنى، سۇس قارا بويالغان قىسمى دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4000~5000 مېتىرغىچە بولغان رايونلارنى كۆرسىتىدۇ.

قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن قوماندان مەسئۇد ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرگەن قوغدىغۇچىنىڭ ھەمراھلىقىدا غەلىبىلىك تاماملاندى. ئافغان پامىرى ۋاخان رايونىنىڭ شەرقىدىكى ئويمانلىقنى كۆرسىتىدۇ ۋە بۇ رايون پۈتكۈل پامىر رايونىنىڭ ئوندىن بىرىگە توغرا كېلىدۇ. ئافغان پامىرى ئۈچ قىسىمدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، بىرى، چوڭ پامىر؛ ئىككىنچىسى، كىچىك پامىر؛ ئۈچىنچىسى، ۋاخاندۇر. بۇ رايون تاجىكىستان، شەرقىي تۈركىستان ۋە پاكىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ.

19- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا بۇ رايون رۇس ئىمپېرىيىسى، برىتانىيە كونتروللۇقىدىكى ھىندىستان ۋە خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى جىددىيچىلىكنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن توقۇنۇشنى پەسەيتكۈچى رايون سۈپىتىدە ئافغانىستانغا تەۋە قىلىنغان. 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بۇ رايونغا كىرىش قاتتىق كونتروللۇق ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلغان. مېنىڭ بىلىشىمچە، 1915- يىلى ئېي. ستېيىن (A.Stein)، 1947- يىلى ئېيچ. دابلىيۇ. تىلمەن (H.W.Tilman)، 1967- يىلى ئېر. ئېس. مىچاند (R.S.Michand)، 1971- يىلى كابۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەتقىقاتچىلىرى، 1968- يىلى ئېس. ئېي. گلادېيۋ (S.A.Gladiew) قاتارلىق ئاز بىر قىسىم كىشىلەرلا بۇ رايونلارغا كىرەلىگەن بولۇپ، ئېي. ستېيىندىن باشقىلار پەقەت كىچىك پامىر رايونىغىچە بارالىغان.

### ئىشكەشىم — قەلئەيىپەنجە — سەرھەد

ۋاخاننىڭ ئەڭ غەربىدىكى ئورۇن بولغان ئىشكەشىمگە بارغاندىن كېيىن تۆت چاقى سۆرەيدىغان ماشىنا بىلەن 6- ئاينىڭ 20- كۈنى قەلئەيىپەنجىگە يېتىپ كەلدۇق. قەلئەيىپەنجىنىڭ ئىشكەشىمدىن باشلاپ ئامۇ دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدىكى دەريانىڭ غەربىگىچە بولغان ئارىلىقى 100 كىلومېتىر كېلەتتى. ئامۇ دەرياسى جەنۇب تەرەپتىكى شاھدەرراھ تاغ تىزمىسى بىلەن شىمال تەرەپتىكى شەرقىي ھىندىقۇش تاغ تىزمىسى ئارىسىدىكى بىر جىلغىنى بويلاپ ئاقىدۇ. بۇ جىلغا بىر قانچە يۈز نەپەر ۋاخىلاردىن تەركىب تاپقان بىر يېزىدۇر. دەريا تەرەپتە يەرلىك شاھنىڭ بۇزۇلۇپ كەتكەن بىر قەلئەسى بار. بۇ دەريانىڭ كەڭلىكى 100 مېتىر بولۇپ، قارشى قىرغىقىدا تاجىكىستان بار. قۇرغاق پەسىللەردە بۇ دەريادىن كېچىپ ئۆتمەك ئاسان. 1832- يىلى جوھون ۋۇد بۇ دەريا (يەنى پامىر دەرياسى)دىن ئۆتۈپ دەريانىڭ مەنبەسى بولغان سىرىكۆلى (بۇ كۆلنى ۋىكتورىيە كۆلى دەپمۇ ئاتىشىدۇ)نى بايقىغان.

ئىككىنچى كۈنى بۇ جىلغىنىڭ 80 كىلومېتىر شەرقىدىكى سەرھەدكە قاراپ يولغا چىقتۇق. بىزنىڭ بۇ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىمىز بىر تەرجىمان، بىر ئافغان ئاشپەز، بىر قوغدىغۇچى ۋە مەندىن تەركىب تاپقان. يولنىڭ دەسلەپكى ئالتە كىلومېتىرلىق بۆلىكىدە ئۇش دەرياسىنىڭ بىر تارماق ئېقىنى بولغان سارىقۇل كۆلىدىن ئېقىپ چىققان پامىر دەرياسى ئاساسىي ئېقىنغا قوشۇلاتتى.

ئىككى دەريانىڭ يېنىغا جايلاشقان ۋاخان تاغ تىزمىسى شەرق تەرەپكە 160 كىلومېتىر سوزۇلىدۇ. 2000- يىلى يازدا مەن ئامۇ دەرياسىنى بويلاپ چوڭ پامىردىكى سارىقۇل كۆلىنى زىيارەت قىلغان ئىدىم. بۇ قېتىم پامىر دەرياسىنى بويلاپ ماڭدۇق. 10 كىلومېتىر شەرقتىكى سۇست (Sust)تا سوۋېت تاجاۋۇزچىلىرى تەرىپىدىن ياسالغان بىر ئاسما كۆۋرۈك ئارقىلىق دەريانىڭ ئوڭ قىرغىقىغا ئۆتتۇق. بىز سەرھەدكە بارغۇچە ئۈچ يەردە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كۆۋرۈكنى كۆردۇق. ھەربىر كۆۋرۈك دەريانىڭ تېز ئاقىدىغان، 20 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدىغان تار قىسمىغا ياسالغان ئىدى. تاشلارنى چېقىپ ياسالغان ماشىنا ماڭالايدىغان ئېگىز-پەس بىر يول جىلغا تەرەپكە ياكى تاشلىق قىرغاق تەرەپكە كىرىپ كېتەتتى. ئوچۇقچىلىقتا بىر كۈن تۈنىگەندىن كېيىن بىز دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 6513 مېتىر بولغان كوھبابا تاغدىن ئۆتۈپ سول قىرغاق تەرەپكە ئۆرلەپ، دېڭىز يۈزىدىن 6020 مېتىر ئېگىز كوخىخان (Koh-i-Khan) ۋە دېڭىز يۈزىدىن 6286 مېتىر ئېگىز كوخىبالاندارىن (Koh-i-Balandarin) جايلاشقان ۋاخان تاغ تىزمىسىنىڭ مەركىزىي قىسمى بولغان ئىسسىق جۇراب (Jurab Issik) جىلغىسىدىن كېسىپ ئۆتتۇق. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4200 مېتىر بولغان سەرھەد يېقىنلا يەردە ئىدى، بىز يول بويىدا ئۈچ يەردە ئىسسىق بۇلاق كۆردۇق.

دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3840 مېتىر بولغان بروغىل ئۇۋىن ئۆتۈشمىسىگە سوزۇلۇپ كەتكەن شەرقىي ھىندىقۇش تاغ تىزمىسىنىڭ شىمالىي يانتۇلۇقلىرى يىراق جەنۇب تەرەپتىن 10 كىلومېتىر يىراقلىقتا ئىدى. بىر دەريا تاغ تىزمىسىدىن ئېقىپ كېلىپ ئاساسىي ئېقىنغا قوشۇلىدىغان بولۇپ، بۇ دەريانىڭ تېگى تاش ئىدى. بۇ يەردىكى تېرىلغۇ يەرلەر شىمالدىكى ۋاخان تاغ تىزمىسى ئارقىلىق سۇغىرىلىدىغان بولۇپ، بىز بۇ يەرلەردە بۇغداي، قوناق، پۇرچاق ۋە ياڭيۇلارنى بايقىدۇق.


بروغىل ئۆتۈشمىسىدىن بىر كۆرۈنۈش

ئوتلاقتا مەرىشىپ تۇرغان سېمىز قويلاردىن باشقا يەنە ئاتلار ۋە كالىلار ئوتلىشاتتى. شەرق تەرەپتە بۇ چارۋىلارنىڭ ئورنىنى قوتازلار ئالاتتى. بۇ رايونلار ۋاخىلار چارۋىچىلىق قىلىدىغان رايونلارنىڭ شەرقىي چېكى ھېسابلىنىدۇ. باباتاڭگى رايونىدا ئۆرۈك دەرىخى يوق. ئەلۋەتتە، بۇ رايونلاردا يەنە سۆگەت ۋە قېيىن دەرىخى قاتارلىق دەرەخلەرمۇ تېپىلمايدۇ. بۇ رايوننىڭ ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 54 سېلسىيە گرادۇس، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى 2 سېلسىيە گرادۇس.

(ﷲ خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)




■ 1- ئاينىڭ 6- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ نىمروز ۋىلايىتى دالارم رايونىدا مۇرتەد ئارمىيىنىڭ بىر دانە تىكئۇچار ئايروپىلانىنى ئېتىپ چۈشۈرگەن.

■ 1- ئاينىڭ 8- كۈنى ھەيئەتۇ تەھرىر شام مۇجاھىدلىرى سۈرىيىنىڭ ئىدلىب ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان ئارىز زارزۇر يېزىسىغا قارىتا ئىنغىماس ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، 35 نەپەر بەششار ئەسەد ئەسكىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە بىر دانە تانكىسىنى ۋەيران قىلغان.

■ 1- ئاينىڭ 8- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ ئىلشا رايونىدا ئامېرىكا ئارمىيىسى تەرىپىدىن تەربىيىلەنگەن مۇرتەد ئارمىيىنىڭ ئالاھىدە قىسىم ئەسكەرلىرىنىڭ ماشىنىسىغا قارىتا مىنا ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە ماشىنا ئىچىدىكى ئەسكەرلەر ئۆلگەن ۋە يارىلانغان.

■ 1- ئاينىڭ 10- كۈنى جامائىتىمىز مۇجاھىدلىرى ئىدلىبنىڭ جەنۇبىدىكى ھەددىدىن ئاشقان كاپىرلارغا قارشى «الله ياردەم بېرىشكە قادىر» ناملىق جەڭلەرنى باشلىۋەتكەن بولۇپ، جەڭلەر داۋامىدا ئۇم قەلافىل ۋە ئارىز زارزۇر يېزىلىرىنى كاپىرلارنىڭ قولىدىن قايتۇرۇۋالغان؛ بەششار ئەسەد كاپىرلىرىدىن 100 گە يېقىنىنى ئۆلتۈرۈپ، بىرنى ئەسىر ئالغان ھەمدە كۆپلىگەن مىقداردا قورال-ياراغ ۋە ئوق-دورىلارنى غەنىيمەت ئالغان. يەنە شۇ كۈنى كەچتە مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز «الله ياردەم بېرىشكە قادىر» نامى ئاستىدا ئىدلىبنىڭ جەنۇبىدىكى كاپىرلارنىڭ نۇقتىلىرىغا قارىتا قاقشاتقۇچ زەربىلەرنى بەرگەن بولۇپ، كۆپلىگەن بەششار ئەسەد كاپىرلىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە ئەسىر ئالغان. جەڭ ھازىرمۇ شىددەتلىك داۋاملاشماقتا.

■ 1- ئاينىڭ 10- كۈنى مۇجاھىدلار سۈرىيىنىڭ لازىقىيە ۋىلايىتى سەلنەفە رايونىدا بەششار ئەسەد ئارمىيىسىنىڭ بىر دانە ئوق-دورا ئىسكىلاتىغا قارىتا مىنا ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ 20 گە يېقىن بەششار ئەسەد ئەسكىرىنى ئۆلتۈرگەن.

■ 1- ئاينىڭ 10- كۈنى يەمەن مۇجاھىدلىرى يەمەننىڭ شەبۋە ۋىلايىتى سەئىد رايونىدا مىنا ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، تاجاۋۇزچى بىرلەشمە ئارمىيە قوشۇنلىرىدىن 20 نەپەر ئەسكەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە يارىلاندۇرغان.

■ 1- ئاينىڭ 10- كۈنى بىر نەپەر قېرىندىشىمىز پەلەستىننىڭ پىيارىلساب شەھىرىدىكى ئاپتوبۇس بېكىتىدە 3 نەپەر يەھۇدىينى ئۆلتۈرگەن.

■ 1- ئاينىڭ 11- كۈنى ھەيئەتۇ تەھرىر شام مۇجاھىدلىرى ھەلەبنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان جەبەل ھىس رايونىنى مۇكەممەل فەتىھ قىلغان.

■ غۇتانىڭ شەرقىگە جايلاشقان فارىستا شەھرىدە بولۇۋاتقان جەڭلەر جەريانىدا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز بەششار ئەسەد ئارمىيىسىنىڭ 38 نەپەر ئەسكىري قوماندانلىرىنى ئۆلتۈرگەن.

■ 1- ئاينىڭ 11- كۈنى ئىككى نەپەر مۇجاھىد قېرىندىشىمىز ئافغانىستاننىڭ نەنگارھار ۋىلايىتى مامدۇ رايونىدا مۇرتەد ئارمىيىنىڭ قوماندانلىرى بىلەن تاجاۋۇزچى ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىرى يىغىن ئېچىۋاتقان پەيتتە ئۇلارغا قارشى ئىنغىماس ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، تاجاۋۇزچى ئامېرىكا ئەسكەرلىرىدىن 16 نى ۋە مۇرتەد ئارمىيە ئالاھىدە قىسىم ئەسكەرلىرىدىن 13 نى ئۆلتۈرگەن.

■ 1- ئاينىڭ 11- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ بەلئىد شەھرىنىڭ ئەتراپىدىكى مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرى جايلاشقان ئورۇنلارغا قارىتا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 11 نەپەر مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرى ئۆلگەن ۋە كۆپلىگەن مىقداردا قورال-ياراغ ۋە ئوق-دورىلارنى غەنىيمەت ئالغان.

■ 1- ئاينىڭ 11- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالى بىلەن كېنىيە چېگراسىغا جايلاشقان دىف شەھرىگە قارىتا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، بۇ شەھەرنى مۇكەممەل فەتىھ قىلغان ۋە تاغۇت قوشۇنلىرىغا نۇرغۇن زىيانلارنى سالغان.

■ 1- ئاينىڭ 11- كۈنى يەمەن مۇجاھىدلىرى يەمەننىڭ رىدا شەھرىدە ھۇسى شىئەلىرىگە قارشى مىنا ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 3 نەپەر ھۇسى ئەسكىرى جەھەننەمگە ئۇزىغان.

■ مۇجاھىدلارنىڭ 20 كۈن ئىچىدە دەمەشىق ۋىلايىتىنىڭ غارىستا شەھرىدە ئېلىپ بارغان جەڭلەر نەتىجىسى تۆۋەندىكىچە:

بەششار ئەسەد ئارمىيىسىنىڭ 3 دانە تانكا، 2 دانە ئەسكەر توشۇغۇچى Bmp ۋە 1 دانە تراكىسى ۋەيران قىلىنغان؛ 107 نەپەر مەسئۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 500 نەپەر ئەسكەر ئۆلتۈرۈلگەن ۋە 20 نەپىرى ئەسىر ئېلىنغان.

■ سۈرىيىدىكى مۇجاھىدلار ھازىرغىچە رۇسىيە ئارمىيىسىنىڭ 19 دانە جاسۇس ئايروپىلانىنى ئېتىپ چۈشۈرگەن.

■ 1- ئاينىڭ 13- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى كېنىيىنىڭ لامۇ ۋە مۇمباسا ۋىلايەتلىرىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان يولدا كېنىيە ئەسكەرلىرىگە قارشى پىستىرما ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 6 نەپەر ئەسكەر ئۆلگەن ۋە يارىلانغان. ئۇندىن باشقا، 2 دانە ئەسكىري ماشىنىنى ۋەيران قىلغان.

■ 1- ئاينىڭ 15- كۈنى ئافغانىستاننىڭ جالالئاباد شەھرىدە بىر مۇجاھىد قېرىندىشىمىز ئامېرىكا ئەسكەرلىرى ماشىنىدىن چۈشۈۋاتقان پەيتتە ئۇلارغا قول بومبا ئېتىپ، ئامېرىكا ئەسكەرلىرىدىن 2 نەپەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە بىرنى يارىلاندۇرغان.

■ 1- ئاينىڭ 15- كۈنى بەششار ئەسەد ئەسكەرلىرى سۈرىيىنىڭ دەمەشىق ۋىلايىتى فارىستا شەھرىدىكى مۇجاھىدلارنىڭ نۇقتىلىرىغا ئىلگىرىلەشكە ئۇرۇنغان. الله نىڭ ياردىمى، ئۇندىن قالسا مۇجاھىدلارنىڭ سابىت قەدەم تۇرۇشى بىلەن بۇ تاغۇت قوشۇنلىرى ئارقىغا چېكىنگەن ۋە 10 نەچچە نەپەر تاغۇت ئەسكىرى ئۆلگەن ۋە يارىلانغان.

■ 1- ئاينىڭ 15- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ دەينوناي ۋە جۇفجىدۇ يېزىلىرىنى فەتىھ قىلغان.

■ 1- ئاينىڭ 17- كۈنى سومالىنىڭ جۇبا ۋىلايىتىنىڭ جەلىب شەھرىدە مۇرتەد ئارمىيىنىڭ 3 نەپەر ئەسكىرى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرىغا تەسلىم بولغان.

■ 1- ئاينىڭ 17- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ ھېرات ۋىلايىتى رىباتسىنجى رايونىدا مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرىگە قارىتا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 17 نەپەر ئەسكەر ئۆلگەن ۋە 12 نەپىرى يارىلانغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 4 نەپەر ئەسكىري ماشىنىنى ۋەيران قىلغان.

# ئەرەب تىلى ئۆگىنىمەن

| سۆزلۈكلەر | | جۈملىلەر | |
|---|---|---|---|
| قَرَأَ | ئوقۇدى | قَرَأَ أَحْمَدُ الْكِتَابَ | ئەھمەد كىتاب ئوقۇدى |
| كَتَبَ | يازدى | كَتَبَ مَحْمُودٌ | مەخمۇت خەت يازدى |
| اَخَذَ | ئالدى، تۇتتى | أَخَذَ الْإِبْرِيْقَ | ئۇ چۆگۈننى ئالدى |
| مَنَحَ | بەردى | مَنَحَنِي الْمُدَرِّسُ قَلَمًا | مۇئەللىم ماڭا بىر قەلەم بەردى |
| اَكَلَ | يېدى | أَكَلَ خَالِدٌ الطَّعَامَ | خالىد تاماق يېدى |
| سَرَقَ | ئوغرىلىدى | سَرَقَ الْحَقِيْبَةَ | ئۇ سومكا ئوغرىلىدى |
| جَمَعَ | توپلىدى | جَمَعَ أَمْوَالًا كَثِيْرَةً | ئۇ كۆپ مال-دۇنيا توپلىدى |
| فَتَحَ | ئاچتى | فَتَحَ بَابَ الْبَيْتِ | ئۇ ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچتى |
| مَالٌ | مال | عِنْدَهُ مَالٌ كَثِيْرٌ | ئۇنىڭدا كۆپ مال بار |
| ثَمَنٌ | پۇل | بَقِيَ عِنْدِي ثَمَنٌ قَلِيْلٌ | مېنىڭ پۇلۇم ئاز قالدى |
| طَعَامٌ | تاماق | هَلْ تَأْكُلُونَ الطَّعَامَ | تاماق يەمسىلەر؟ |
| هَدِيَّةٌ | سوۋغا | هَذِهِ السَّاعَةُ هَدِيَّةٌ لَكَ | بۇ سائەت ساڭا سوۋغا |

# ئائىلىدىكى رېتسېپلار

## قىزىق لۆڭگە 10 خىل كېسەلگە شىپا بولىدۇ (إن شاء الله)

1. كۆز تېلىپ ئاغرىشقا شىپا بولىدۇ. لۆڭگىنى قىزىتىپ كۆزگە ياققاندا، كۆز ئەتراپىنىڭ قان ئايلىنىشىنى ياخشىلاپ، كۆز تېلىپ ئاغرىشقا شىپا بولىدۇ شۇنداقلا كۆز قۇرغاقلىشىش كېسىلىنى داۋالاپ، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش ۋە مېڭىنى ساغلاملاشتۇرۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ (إن شاء الله).

2. گاسىلىقنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. قىزىق لۆڭگە بىلەن قۇلاقنى سۈرتۈپ بەرگەندە، قۇلاق ئەتراپىنىڭ قان ئايلىنىشىنى راۋانلاشتۇرۇپ، قان كەملىكتىن پەيدا بولغان گاسىلىقنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ (إن شاء الله).

3. باش قېيىشقا شىپا بولىدۇ. قىزىق لۆڭگىنى باشنىڭ كەينىگە بىر نەچچە مىنۇت قويۇپ ئىسسىق ئۆتكۈزگەندە، نېرۋىنى غىدىقلاپ باش قېيىش كېسىلىگە شىپا بولىدۇ (إن شاء الله).

4. بوينىغا يەل تۇرۇپ قېلىشقا شىپا بولىدۇ. قىزىق لۆڭگىنى يەل تۇرۇپ قالغان ئورۇنغا قويۇپ، باشنى ئاستا-ئاستا ھەر تەرەپكە يېنىك ھەرىكەتلەندۈرگەندە بويۇن ھەرىكىتى ئەسلىگە كېلىدۇ (إن شاء الله).

5. بويۇن ئۇمۇرتقا كېسىلىگە شىپا بولىدۇ. بويۇن ئۇمۇرتقا كېسىلىنىڭ دەسلىپىدە گەجگە ئاغرىسا ياكى شامالداراپ قالغاندىن كېيىن بىئاراملىق كۆرۈلسە، لۆڭگىنى قىزىتىپ ياققاندا قان ئايلىنىشىنى ياخشىلايدۇ (إن شاء الله).

6. سوزۇلما بەل ئۇمۇرتقىسى تومپىيىپ چىقىشقا شىپا بولىدۇ. لۆڭگىنى قىزىتىپ بەلگە ئىسسىق ئۆتكۈزۈپ بەرسە مەنپەئەتىنى كۆرىدۇ (إن شاء الله).

7. سانجىق تۇرۇپ قالغانغا شىپا بولىدۇ. بەدىنىمىز يەل تۇتۇپ يېقىمسىز ئاغرىسا، تۇز يېتىپ لۆڭگىنى ئاغرىغان ئورۇنغا بېسىپ ئىسسىق ئۆتكۆزۈپ بەرسە شىپا قىلىدۇ (إن شاء الله).

8. سوغۇقتىن بولغان قورساق ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ. سوغۇقتىن قورساق ئاغرىسا، قىزىق لۆڭگىنى قورساققا بېسىپ ياتسا شىپا قىلىدۇ (إن شاء الله).

9. يېقىلىپ ئاغرىغاندا شىپا بولىدۇ. ئادەتتە يىقىلىپ 2~3 كۈندىن كېيىن، بەزى جايلىرىمىز يا ئىششىماي، يا قانىماي ئاغرىسا، دەرھال قىزىق لۆڭگىنى بىر نەچچە قېتىم ياقسا ئاغرىقنى توختىتىدۇ (إن شاء الله).

10. ئوكۇل سېلىشتىن پەيدا بولغان ئىششىققا شىپا قىلىدۇ (إن شاء الله).



تۆۋەندىكى تېپىشماقلارنى قېنى كىم تېز ۋە توغرا تاپالايدۇ؟

1. يۈزى ئوتتا قىزىرار، ئادەم ئاڭا ئىنتىزار. ئۇ نېمە؟
2. قىزىل، قارا قېنى بار، قەغەزلەردە ئىزى بار. ئۇ نېمە؟
3. تۆۋەندىكى شېئىري تېپىشماقنى تېپىپ بېقىڭ:

ئۇ كاچىتىمغا ئۇرىدۇ،
بۇ كاچىتىمغا ئۇرىدۇ.
مەن ھېچ گۇناھ قىلمىسام،
مېنى نېمىشقا ئۇرىدۇ؟

ئالدىنقى ساندىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابى:



1. يۇلتۇز.
2. ۋاقىت.
3. كۈندۈز بىلەن كېچە.

## ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىري تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تىببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەمىمىي ئىلتىماس قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا الله تعالى نىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته